# بارات كېچىسى، يەنى شەئبان ئېيىنىڭ 15-كۈنى ھەققىدە ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرى

خەلقىمىز ئارىسىدا بارات ئېيى، بارات كېچىسى ياكى شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى توغرىسىدا ھەرخىل تالاش - تارتىشلار بولۇپ، بۇ تالاش - تارتىشلار ۋە شەئبان ئېيىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، شەرىئەت كۆرسەتكەن ئەمەل- ئىبادەتلەر، شۇنىڭدەك بىر قىسىم خاتا كۆز قاراش ۋە بىدئەتلەرگە قىسقىچە ئىشارە قىلىپ ئۆتمەكچىمىز:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەئبان ئېيىدىكى ئەمەللىرى توۋەندىكىچە:

ئۇسامە ئىبن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئىي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سېنى باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدىكىدەك كۆپ روزا تۇتقانلىقىڭنى كۆرمىگەن ئىدىم ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

"- بۇ رامىزان بىلەن رەجەب ئېيى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر غاپىل بولۇپ قالىدىغان بىر ئاي بولۇپ، بۇ ئايدا ئەمەللەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا كۆتۈرۈلىدۇ، مەن ئەمەلىمنىڭ روزىدار چېغىمدا ئاللاھقا كۆتۈرۈلىشىنى ياخشى كۆرىمەن" - بۇ ھەدىسنى نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدىكىدەك كۆپ روزا تۇتمايتتى. شەئباندا تولۇق دېگۈدەك روزا تۇتاتتى." ـ بۇ ھەدىسنى بۇخارىي رىۋايەت قىلغان.

دېمەك؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەئبان ئېيىنى ياخشى، سالىھ ئەمەللەر، بولۇپمۇ روزا بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرەتتى. يۇقىرىدىكى روشەن ھەدىسلەر مەۋجۇد ئىكەن ئارتۇق ئىزاھنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى كېچىسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبى مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "ئاللاھ تائالا شەئبان ئېيى يېرىملاشقان كۈنى كېچىسى بەندىلىرىگە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇشرىك، ئاداۋەتخور- ھەسەتخورلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ." ـ بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىي 1144- رەقەم بىلەن خاتىرلەپ، ئۇنى سەھىھ دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ھەدىسنى ئۆلىمالار تۆۋەندىكىچە ئىزاھلايدۇ: يەنى بۇ كېچىدە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن، ئۇنىڭدىن ھاجىتىنى تىلەشنىڭ ئورنىغا مەخلۇقلاردىن ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشنى ياكى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلىك رول ئويناپ بېرىشنى سورىغان، مەخلۇقلارنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن ئارتۇق كۆرگەن، قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن بەلگىلىمىلەرنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇنىڭغا مەسخىرە ئارىلاشتۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمات ۋە يوليورۇقلىرىغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئۇنى نەزىرىدىن ساقىت قىلغان كىشىلەرنى ئاللاھ سۇبھانە ۋەتائالا بۇ كېچىدە

مەغپىرەت قىلمايدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا قەلبىگە ھەسەت ۋە ئاداۋەت ئاتەشلىرى ھۆكۈمران بولىۋالغان، ھاكاۋۇرلۇق ئازگاللىرىدىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ كۈندىكى مەغپىرەتتىن نەسىۋە ئالالمايدىغانلىقىغا ئىشارە بېرىلىدۇ.

مۇلاھىزە: ئەمما سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى مەرھۇم ئىبنى باز بۇ كېچە ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ كېچىنىڭ باشقا كېچىلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاھىدە پەرقى يوق. بۇ خۇسۇستا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ رىۋايىتىنىڭ مەنبەسى ئاجىز ياكى مەسىلە بار... ئىبنى باز يۇقىرىدىكى ھەدىسنىمۇ ئاجىز دەپ قارايدۇ.

شەئبان ئېيىدا كۆپ يۈز بېرىدىغان بىدئەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە:

شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى كېچىسىنى نۇرغۇن كىشىلەر بارات كېچىسى دەپ ئاتىشىدۇ ۋە بۇ كېچىدە ئىبادەت نامى بىلەن نۇرغۇن بىدئەت ئەمەللەرنى قىلىشىدۇ. بىز بۇ ئەمەللەرنى قىسقىچە ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز (ئىزاھات: بۇ بىدئەت دەپ كۆرسىتىلگەن ئىشلار ياكى ئەمەللەر مۆتىۋەر ئىسلام فەقىھلىرىنىڭ قاراشلىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، قۇرئان ياكى ھەدىستە ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەس دەپ قارالغان ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ):

- بارات كېچىسى- بارات نامىزى دەپ، مەخسۇس بۇ كېچىدە يۈز رەكئەت ناماز ئوقۇش.
- كىشىلەردىن بىھاجەت بولىدۇ، بالا- قازادىن يىراق تۇرىدۇ ۋە ئۆمۈر ئۇزۇن بولىدۇ، دەپ ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇش.
- بارات كېچىسى دۇئاسى دەپ، بۇ كېچىگە ئاتاپ دۇئا قىلىش.
- بۇ كېچىنى شىبى قەدىر كېچىسى دەپ ئېتىقاد قىلىش.
- مەشھۇر مازارلارغا بېرىپ ئۆلاردىن ھاجەتلىرىنى تىلەش.
- بۇ كېچىدە، ئۆلگەن ئاتا-ئانا، ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ تاماق ۋە قويماق قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ قەبرىستاننى زىيارەت قىلىش.
- شەئبان ئېيىنىڭ 15-كۈنى روزا تۇتۇش.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، خەلقىمىز ئارىسىدا شەئبان ئېيى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان قاراشلار مەۋجۇد بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ بەزى ئىجتىھادلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بىدئەتلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىگەن. مەسىلەن يۇقىرىدا بىدئەت دەپ سانالغان ئەمەللەرنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن ساناش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىلەر يۇقىرىدىكى ھەدىسنى سەھىھ ھەدىس دەپ قاراپ، ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك كېچىدە ھەممە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغانىكەن، نېمىشقا گۇناھلارنى قانغۇدەك قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى كۈتمەيمىز؟ دېگەنگە ئوخشاش كۇپرانە خىياللارنى قىلىپ، ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ قاپاق كۆيدۈرۈش قاتارلىق باشقا دىنلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئەگىشىپ كېتىشىدىن بارلىق كۈچى بىلەن توسۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئىسلام ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق يەردە قەستەن گۇناھ سادىر قىلىش، جىنايەت ۋە ئاسىيلىققا يول قويمايدۇ ۋە قويمىغان. شۇڭا بۇ ئاينىڭ پەزىلىتىنى ئۆز خىيالي قاراشلىرىمىز بويىچە سۇيئىستىمال قىلماسلىقىمىز، ھالاكەت يولىغا مېڭىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. جانابىي ئاللاھدىن بىزنى بۇ خىل پالاكەتلەردىن ساقلىشى ئۈچۈن كۆپلەپ پاناھلىق تىلەيلى! ئىي ئاللاھ! بىزنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلىغىن!

بىزنىڭ بۇ ئايدا قىلىدىغان ئىبادەتلەر ھەققىدىكى تەۋسىيىمىز:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش كۆپ رۇزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش، كۆپلەپ ياخشى سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق مەنىۋىيىتىمىزنى چىنىقتۇرۇپ رامىزان ئېيىنى قىزغىن كەيپىيات ۋە روھلۇك ھالەتتە كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىش، ئەمما بارات كېچىسى ياكى شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى دېگەنگە ئوخشاش كۈنلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شەرئەت بەلگۈلىمىلىرىدە ھېچ ئاساسىي بولمىغان ئىبادەتلەر بىلەن شوغۇللانماي، بۇ ئاي ۋە باشقا ئايلارنىڭ ئىمكان يار بەرگەن كۈن ۋە ۋاقىتلىرىدا ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىش. بىدئەت ئەمەللەر ئىنساننى ئاللاھدىن يىراقلاشتۇرۇپلا قالماستىن ھاياتلىق دۇنياسىدىمۇ ھېچ قاچان ئۇ ئىنسان ئۆزىنى راھەت ھېس قىلالمايدۇ. بارات كېچىسىنى ئىبادەتكە خاسلاشتۇرۇش، بىدئەت بولۇپ ساۋاپ بولماستىن بەلكى گۇناھ ئوتكۈزگەنلىك بولىدۇ.بەلكىم بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئۇ كېچىدە نامازۋە قۇرئان ئوقۇلسىمۇ گۇناھكار بولامدۇ؟! دېگەندەك سوئاللار زېھنىڭىزدىن كەچسە كېرەك، بۇ ھەقتە سىزگە قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن جاۋاپ بېرىمىز. بىدئەتكە ئەگەشكەنلىك ۋە ئۇنى تارقىتىش...قاتارلىقلار، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرىگەنلىك بولۇپ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز». ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ. الله ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن». ھەددىدىن ئاشقان ۋە پەرۋەردىگارىنى ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر» تاھا سۈرىسى 124-ئايەتتىن 127- ئايەتكىچە.

بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى ئاللاھنىڭ كالامى، ئىنئاملارنىڭ ياخشىراقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسى، ئەمەللەرنىڭ يامانراقى دىنغا يېڭى بىر نەرسىنى قوشۇش، دىندا پەيدا قىلىنغان ھەر قانداق يېڭىلىق بىدئەتتۇر، ھەر قانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر.» ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، ئىبادەت ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرىپىدىن قەيت قىلىنغان ۋاقىت ۋە ماكاندىن باشقا، ۋاقىت ۋە ماكاننى ئىبادەت نىيىتى بىلەن خاسلاشتۇرۇشىمىز ئىبادەت ئەمەس بەلكى ئۇ ئەمەل سەۋەبى بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قالىدىغان ئامىللاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق. ئۇنداقتا بىز تۆۋەندىكى تارازە بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆلچەپ كۆرەيلى.

ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولىشىدا ئىككى شەرت بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- ئىبادەتتە يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش.

2- ئىبادەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلغان بولۇش.

قېنى قېرىنداشىم! ئېيتىپ بىقىڭچۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟

خۇلاسە: بىدئەت، شەرىئەتتە ئاساسى يوق، مىللىتىمىز ئىچىدىكى بىر تۈركۈم قېرىنداشلىرىمىزكۆز قارىشىدا ئىبادەت سانىلىپ كىلىۋاتقان ئىشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سوپىزىم تەرىقىسىدىكى قېرىنداشلىرىمىزدا بىراز ئېغىر ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى تونىشى ئازغۇن يولدىن قايتىپ ئاللاھقا تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز ئەمىلىيىتى بىلەن ھىدايەت نۇرىنى يورۇتىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز ۋە ئۇلۇغ ئاللاھدىن ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشىنى سورايمىز. ئى ئاللاھ بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى توغرا يولغا يىتەكلەپ، شېرىكتىن خالى سۈننەتكە ئۇيغۇن ساپ ئەقىدە بىلەن قەلبىمىزنى يورۇتقىن.